بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ئۇرۇش ھالىتى بىلەن يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى تېزدىن توسۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچى سەپتىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: شىنجاڭ قەشقەردە تۇپلىشىش خاراكتېرلىك يۇقۇم بىرقەدەر بالدۇر بايقالدى، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش مېخانىزمى ۋاقتىدا قوزغىتىلىپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىلدى، نۆۋەتتىكى ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە باسقۇچلۇق نەتىجە ـ ئۇتۇق قولغا كەلتۈرۈلدى، يۇقۇمنى ئومۇمىي جەھەتتىن كونترول قىلغىلى بولىدۇ. بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار كۆپ، ياشلارنىڭ نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى، يەنە كېلىپ ئاساسلىقى يېزىدىكى كەنت قۇرغان كارخانىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، مەشغۇلات بوشلۇقى بىرقەدەر يېپىق، ۋىرۇسنىڭ پۈتۈن گېن تەرتىپىنى تەكشۈرۈشتىن قارىغاندىمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ، ھازىر كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل.

سۈن چۈنلەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەسپىي خادىملار ۋە ئاساسىي قاتلام مەھەللە كادىرلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى تىرىكدىن پايدىلىنىپ، ئىلمىي قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلىپ، سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ دەل جايىدىلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئايرىپ باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇملانغۇچىلار ۋە ئۇلار بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلاردىن ئايرىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق ئايرىپ، ئايرىش نۇقتىلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «قايتا يۇقۇملىنىش»نىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلەن بىللە، تۇرمۇش مۇلازىمىتى كاپالىتىنى ياخشى قىلىش كېرەك. نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، تەكشۈرۈش لايىھەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈشنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەكشۈرۈش تەرتىپى ۋە مەشغۇلات ئۆلچىمىنى ئەلالاشتۇرۇپ، كەسپىي جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە خادىملارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، سۈپەتنى كونترول قىلىش، باشقۇرۇشنى چىڭىتىش كېرەك. تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتا ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈپ، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىپ ۋە باھالاپ، دەسلەپكى مەزگىلدە بايقالغان، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارغا قارىتا ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىش قاتارلىق قاراتمىلىقى بولغان ئارىلىشىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى داۋالاش بايلىقى جەھەتتە بىرقەدەر ئاجىز، شۇڭا جايىنىڭ كېسەللىك تىزىملىكىگە ئاساسەن، ئۇنى رايون داۋالاش مەركىزى قۇرۇلۇشىغا كىرگۈزۈپ، قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۇزاق مەزگىللىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئاممىنىڭ داۋالىنىش ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك. بۇ قېتىمقى يۇقۇم يېزىلاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ساقلانغان كەمتۈكلۈكلەرنى ئاشكارىلىدى، يۇقۇمنىڭ يېزىلاردىكى تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى ئالاھىدىلىكىگە قارىتا، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش لايىھەسىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى دىڭ شياڭياڭ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى يۇ شۆجۈن، لىي خېيچاۋ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا ھەمراھ بولدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن لى پېڭشىن قاتارلىقلار ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن توققۇز يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، شىنجاڭدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمدا بايقالغان، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن توققۇز يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئاغرىقلار بىرىنچى ۋاقىتتا بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسىغا كىرىپ تېببىي كۆزىتىشنى قوبۇل قىلدى، بۇلار، بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا تۇنجى تۈركۈمدە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ياڭ يىنىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: يۇقىرىقى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كېسەللىك مەنبەسى ئىلمىي كۆرسەتكۈچى ۋە ئۆپكە قىسمىنىڭ رېنتگېندىكى ھالىتىنى ئۇدا، قاتتىق تەكشۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇزۇقلۇقنى كۈچەيتتى ۋە بەدەن ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. دوختۇر ـ سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، تېببىي كۆزىتىشنى بىكار قىلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلدى. بىز خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، ئىلگىرىكى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدىن قاراقاش ناھىيەسىنىڭ پۇرچاقچى بازىرى بازاربويى كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى جاڭ خۇاجۇڭ مۇنداق دېدى: «بىز مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، خىزمەت مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ـ كەنت كادىرلىرىغا بولغان ‹ئۆگىنىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش›نى، يېزىلاردىكى ئاممىغا بولغان تەشۋىقات خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، تېخىمۇ زور ئىرادە، تېخىمۇ ئېنىق نىشان، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكىنىڭ دەرىجىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش، يېزىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش، دېھقانلارنى ئەتراپلىق يېتىلدۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتىمىز».

«بىز 5 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، باغ ـ ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، ئاممىنى كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيمىز.» ئارال بازىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چۇ ۋېيتاۋ مۇنداق دېدى: «بىز تور سىرتىدا مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىش، توردا تېخنىكا مىكرو دەرسخانىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، تېخنىك خادىملارنى باغلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، باغۋەنلەرنىڭ ئۆستۈرۈش ۋە پەرۋىش قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ۋە تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

«5 ـ ئومۇمىي يىغىن ئاساسىي قاتلام خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى كۆرسەتمە بىلەن تەمىنلىدى.» قاراماي شەھىرى مايتاغ رايونى يېڭى شىمالىي رايون كوچىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى تيەن يەنرۇ مۇنداق بىلدۈردى: ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش ۋە خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىمىز، سەۋىيەمىزنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىمىز.

قومۇل يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مۇدىر تاڭ تيەنخۇي مۇنداق بىلدۈردى: بىز ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىپ تۈرتكە بولۇشى كۈچلۈك، كەسىپ قۇرۇلمىسى ئەلا، ئېچىۋېتىش ھەمكارلىشىش دائىرىسى كەڭ، بايلىق سەرپىياتى تۆۋەن، سۈپەت ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ ئاخىرىغا بارغاندا دۆلەت دەرىجىلىك يېڭىلىق يارىتىشچان خاس يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسپلەر تەرەققىيات رايونى قۇرۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىمىز.

«ئومۇمىي يىغىندا تۈزۈلگەن تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانى دەل ياشلارنىڭ كۆرەش كوردىناتى.» قەشقەر داشۆسى خىمىيە ۋە مۇھىت ئىلمى شۆيۈەننىڭ ئوقۇغۇچىسى تېڭ شيۆ مۇنداق دېدى: «بىز كەسپىي بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىپ، ئۇنىۋېرسال ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈپ، شەخسنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى دۆلەتنىڭ تەرەققىيات چوڭ ۋەزىيىتىگە سىڭدۈرۈپ، دۆلەتنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياشلىق باھارىمىز، كۈچىمىزنى بېغىشلايمىز، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنى تەقدىم قىلىمىز».

(مۇخبىر پەرىزات ئابدۇل، قاتناشقان مۇخبىرلار گې يوۋجۈن، جاڭ جىلى، راھىدە، سۈڭ ياۋېن، جاۋ شىيا، جاۋ چۈنخۇا، ئىختىيارىي مۇخبىرلار شى جۈنجېي، لى نانا، جېڭ يۈنكەي)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى قەشقەر، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلاردىن قەتئىي، كەسكىن ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق رولى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى، كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، قىسمەن رايونلاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش يوقىتىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كومىتېتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكى ۋە قوللىشى، ياردىمىدە، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، قىسمەن رايونلاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، يوقىتىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھازىر قەشقەر، قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت تەرەپ مەسئۇلىيىتى»نى ئۈزلۈكسىز يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قەتئىي ھالدا تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، كونكرېت تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. قەشقەر ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستى مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئىلمىي، دەل جايىدا، قەتئىي، كەسكىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىددىيەدە بوشاشماسلىق، تەدبىردە بوشاشماسلىق، مېخانىزمدا بوشاشماسلىق، مەسئۇلىيەتتە بوشاشماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىشى كېرەك؛ باشقا ھەرقايسى ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر)لەر ۋە بىڭتۇەننىڭ ھەرقايسى شى(شەھەر)لىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، بوشاڭلىق كەيپىياتى، بىخۇدلۇق ئىدىيەسىنى يېڭىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەتنىڭ قاراتمىلىقى، دەل جايىدا بولۇشى، ئىلمىيلىكىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلمىي، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كېرەك. تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ دەل جايىدىلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەكشۈرۈش تەرتىپى ۋە مەشغۇلات قائىدىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈش سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ مەركەزلىك تېببىي كۆزىتىش نۇقتىلىرىنىڭ باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، ئايرىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق ئايرىش، قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش، ئەلا مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. كۆزىتىپ ئۆلچەش، سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىنى باشقۇرۇش ـ يۈرگۈزۈشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، نۇقتىلىق ئورۇن، نۇقتىلىق سورۇن ۋە نۇقتىلىق كىشىلەر توپىدا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پورتلاردا سەھىيە تەكشۈرۈش ـ كارانتىن قىلىش، ئىمپورت قىلىنغان سوغۇق زەنجىرسىمان توشۇلىدىغان يېمەكلىكلەردىكى نۇكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك دېزىنفېكسىيەلەش ۋە قاتناش ئەشيا ئوبوروتى ھالقىلىرىدا دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ 8 ـ نۇسخىدىكى دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش لايىھەسى بويىچە، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش، كۆپ پەننى ماسلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىر خىللاشتۇرۇپ، قېلىپلاشتۇرۇپ ئىلمىي داۋالاپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشنى كۈچەيتىپ، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قاتتىق ياخشى ئىشلەپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ ساقىيىش نىسبىتىنى سىجىل ئۆستۈرۈش كېرەك. مەۋقەنى كۆز ۋە قىش پەسلىدە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە قويۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى تولۇق تەييارلاپ، بېكىتىلگەن دوختۇرخانا قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دوختۇر ـ سېسترالارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، مۇلازىمەت كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، «ئاشلىق» «كۆك ـ تاق» مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ماددىي ئەشيالارنى تەڭشەپ تەقسىملەش ۋە بازار تەمىناتىنى كۈچەيتىپ، قاتناش ـ ترانسپورتنىڭ راۋانلىقىنى ساقلاپ، تەمىنات تولۇق بولۇش، سۈپەت كاپالەتكە ئىگە بولۇش، باھا مۇقىم بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئامما ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، ئاممىنىڭ غەم ـ ئەندىشىسىنى تۈگىتىپ، ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، ھېسسىيات ۋە مەسئۇلىيەت بىلەن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك.

بەشىنچىدىن، تەشۋىق قىلىش، يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. يۇقۇم ئۇچۇرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، 24 سائەتلىك خەلق تۇرمۇشى مۇلازىمىتى قىزىق لىنىيە تېلېفونىنى راۋانلاشتۇرۇپ، جەمئىيەت ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەرگە پائال ئىنكاس قايتۇرۇپ، يۇقۇم مۇداپىئە بىلىملىرىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ، سىياسەت ـ تەدبىرلەرنى تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئېڭى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ چىڭىتىش، پۇختىلاش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ بىر تاختا شاھمات، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىپ، بىرلىشىپ تىزگىنلەپ، كەسپىي ئالدىنى ئېلىش بىلەن ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىپ، ئاممىۋى تىزگىنلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىئە سېپىنى ھەقىقىي مۇستەھكەملەش كېرەك. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان ـ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالمىغان، قىلىدىغاننى قىلمىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، مەسئۇلىيەتنى بىر ـ بىرىگە ئىتتىرىپ قۇرۇق تالاش ـ تارتىش قىلغانلارغا قارىتا كەسكىن تۈردە جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش، جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە يەنىمۇ چىڭ تۇرۇش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم تۇتۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىسمەن رايونلاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قاتتىق جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.